# تىپىك

# ئىسلامى دۆلەت ئاساسى قانۇنى

# تىپىك

# ئىسلامى دۆلەت

# ئاساسى قانۇنى

**فراپپىسور ئەھمەت ئاقكۈندۈز**

**مەككە-مەدىنە نەشرىياتى**

بۇ كىتاپ تۈركىيەلىك فراپپېسور ئەھمەت ئاقكۈندۈزنىڭ 1997.يىلى 30.ئىيۇل تىماش نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان eski anayasamız ve İslam hukuku ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلۇپ نەشىر قىلىندى.

تەرجىمە قىلغۇچى:ھېيتاخۇن مەتىمىن

مەككە-مەدىنە نەشرىياتى نەشر قىلدى
مۇھاجىرەتتىكى ھەرقايسى ئۇيغۇر كىتاپخانىلىرىدا تارقىتىلىدۇ
2018.يىلى 5.ئاۋغۇست

# تەرجىماندىن كىرىش سۆز ئورنىدا

پۈتۈن ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھقا چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇنكى، ئۇ ئىنساننى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە يارىتىپ، ئۇنىڭغا سۆزلىشىشنى ئۆگەتتى ،ئۇنى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ سەرخىلى قىلىپ، يەر يۈزىدە ئۆزىنىڭ نېمەتلىرىدىن خالىغانچە بەھرىمەن بولۇشقا مۇيەسسەر قىلدى ۋە شۇنداقلا مىننەتدار بىر بەندە بولۇپ ياشىشى ئۈچۈن بىرتۈركۈن نىزامنامىلەرگە رىئايە قىلىپ ياشىشنى تەلەپ قىلدى. ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن ئەڭ ئاخىرقى ئەلچى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا سالام بولسۇنكى ، ئۇنى ئىلاھىي مەدەت، ساماۋى ۋەھيي بىلەن قوراللاندۇرۇپ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە نەمۇنە قىلدى.

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن:
دىننى دۆلەت سىياسىتىدىن ئايرىۋېتىش تەشەببۇسى ئەينى چاغدىكى ياۋرۇپا ئەللىرىدە پۇقرالارنىڭ شىللىسىگە مىنىۋالغان پوپلارنىڭ دىننى ئالەت قىلىش ئارقىلىق خەلقنى ئىدارە قىلىپ كەلگەن ئۇزۇن تارىختا ئىگە ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئوتتۇرىغا چىققان بىر نەزەرىيە.ئەلۋەتتە ياۋرۇپانىڭ ھازىرقى تەرەققىياتى ۋە ئادالەت تۈزۈمى پوپلار سىنىپىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا خاتىمە بەرگەندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.ئەمما مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قانۇن –تۈزۈم ئاللاھنىڭ كىتاۋى قۇرئان كەرىمنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.بۇ مەنادىن قىلىپ ئېيتقاندا سىياسەتنى دىندىن تاماماەن ئايرىۋېتىش توغرا ئەمەس.
قولىڭىزدىكى كىتاپچىنىڭ بىز ئارزۇ قىلىۋاتقان ئادالەت تۈزۈمنى روياپقا چىقىرىشنىڭ نەزىرىيەۋى ئاساسى بولغان « ئىسلامى ياكى

ئىسلام تەلىماتلىرىغا مۇناسىپ بىر دۆلەتنىڭ ئاساسى قانۇنى قانداق بولۇشى كېرەك؟» دېگەن سۇئاللارغا جاۋاپ بولۇشتىن سىرت يەنە كۆندىلىك تۇرمۇشىمىزدىكى قۇرئان كەرىم روھىغا مۇناسىپ قانۇن ئېھتىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە پايدىسى بولۇشىغا ئىشىنىمەن.ئادالەت بولمىغان يەردە دىندارلىقتىن سۆز ئېچىش تولىمۇ تەس.

دىنىنى سىياسىيلاشتۇرۇش قانچىلىك خەتەرلىك بولسا،سىياسەتنى دىنىنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈۋېلىشمۇ شۇنچىلىك قورقۇنۇشلۇق ئاقىۋەتلەرگە ئېلىپ بارىدۇ،تېخىمۇ خەتەرلىكى بولسا ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ تەلىماتلىرىغا زىت-ئادالەتسىز بىر تۈزۈم.

پۇقرالارنىڭ دىنىنىڭ ھەرخىل بولۇشى ئاللاھنىڭ قانۇنىيتى .بىراق دۆلەتنىڭ دىنى ئادالەت بولۇشى كېرەك،ھايات كىتاۋىمىز قۇرئان،دۆلەت ياكى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە تەپسىلى توختالمايدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە، ھاكىمىيەت ياكى سىياسي كۈچ رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ئالەمشۇمۇل پىرىنسىپلارنى ۋە ئاساسى ئۆلچەملەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھۆكۈمدارلارنى مەزكۇر پىرىنسىپلارغا ئەمەل قىلىشقا ئۈندەيدۇ؛ئىسلامى دۆلەت ئاساسى قانۇنى دېگىنىمىزدىمۇ نەزەردە تۇتۇلغىنى پىرىنسىپال قانۇن بولۇپ سىياسىيغا قىسىنقىدىغان ھەربىر دىندار كىشى ئۈچۈن مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

بۇ ئەسەر تۈرك پىروفېسسور ئەھمەت ئاقكۈندۈز[1]نىڭ قەدىمقى ئاساسى قانۇنىمىز ۋە ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنى ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك بۆلۈمىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى.

---

[1]. فرابېسور ئەھمەت ئاقكۈندۈز نۆۋەتتە گوللاندىيىنىڭ روتتېردام شەھىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىمەكتە.

بۇ كىتاپچىنى ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان پەرسۇدە قىلىۋەتمەي كىتاپ ئامبىرىدا ساقلاپ بېرىش بىلەن بىرگە كومپيۇتېرغا ئېلىش ۋە تەھرىرلەشتە ياردىمىنى ئايىمىغان ئابدۇجېلىل تۇران ئەپەندىمگە ئالاھىدە رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.ئىزدىنىۋاتقان بىر ئاددى ئادەم بولۇش سۈپىتىم بىلەن يا ئۇنداق يا بۇنداق خاتالىقلاردىن ساقلىنالمىغان بولۇشۇم مۇمكىن،بايقىغان قېرىنداشلارنىڭ سەممى تەنقىدى پىكىرلىرىنى ئايىماسلىغىنى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنىمەن.ماڭا بۇ ئىمكانىيەتنى بەخش ئەتكەن ياراتقۇچىمىز ئاللاھتىن كەمچىلىكلىرىمنىڭ ئەپۇ-مەغپىرىتىنى تىلەيمەن.

هۆرمەت بىلەن ھېيتاخۇن مەتىمىن

2018.يىلى 5.ئىيۇل

ئالاقە ئادرىسى:heytahun@hotmail.fi



## مۇندەرىجە

1.دەۋرىمىزدىكى ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنى مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى...........................................................3
2.ئىسلام ھەيئىتىنىڭ پائالىيەتلىرى...................................5
3.تىپىك ئىسلامى دۆلەت ئاساسى قانۇنى..............................12
1.باپ ئېگىزلىق پىرىنسىپلار..............................................14
2.باپ ئېگىزلىق ھوقۇق ۋەۋەزىپىلەر....................................16
3.باپ كېڭەش كومىتېتى.....................................................20
4.باپ دۆلەت رەئىسلىكى (ئىمامەت).....................................21
5.باپ سوت (قازىخانا)............................................................25
6.باپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى .................................26
7.باپ ئىقتىسادى تۈزۈم..........................................................27
8.باپ ئۇرۇش (غازات) ۋە قۇراللىق ئارمىيە...........................30
9.باپ ئالى ئاساسى قانۇن كومىتېتى ..................................31
10 ـ باپ ئۆلىمالار كومىتېتتى(مەجلىسى ئۆلەما) ...................32
11.باپ سايلام ھەيئىتى..........................................................32
12.باپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە خەلقارالىق مۇناسىۋەت........34
13.باپ نەشرىيەت ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى............................35
14.باپ ئۇمۇمى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈملەر..................................36

# تېپىك ئىسلامى دۆلەت ئاساسى قانۇنى ۋە نىزامنامىسى

## 1. دەۋرىمىزدىكى ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنى مۇتىخەسسىسلىرىنىڭ بۇ ھەقتە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى

1951 - يىلى 21 - 24 يانۋار كۈنلىرى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھرىدە ئۇستاز سەييىد سۇلەيمان نەدۋى رىياسەتچىلىكىدىكى 31 ئەزادىن تەركىب تاپقان بىر قانۇن ھەيئىتى قۇرۇلغان بولۇپ، ”ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنى“نى رەتلەپ چىققان، مەزكۇر ھەيئەت ئىچىدە ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم مەۋدۇدىمۇ بار ئىدى. بۇ قانۇن دەۋرىمىزدىكى بارلىق ئىسلام ئەللىرىدە ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن رەتلەپ چىقىلغان بولۇپ، شانلىق ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى دۆلەت تۈزۈمى ۋە تۈپ ئاساسي قانۇنىدا پىرىنسىپال ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ بېكىتىلگەن. مەزكۇر قانۇن-نىزامنامە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1 ـ مۇتلەق ھۆكۈم ئاللاھقا مەنسۇپ.

2 - قانۇن - سىياسەت، قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلىنىدۇ، بۇ ئىككىسىگە زىت تۈزۈلمەيدۇ.

3 - دۆلەت، رايون، تىل ۋە ئىرق قاتارلىق بەشەرى پىرىنسىپلار (ئىنسانلار تەرىپىدىن تۈزۈلگەن پىرىنسىپلار - ت)نى ئەمەس، بەلكى ئىسلام دىنى ئېلىپ كەلگەن ”ئىلاهىي تۈزۈمنى“ نى ئاساس قىلىدۇ.

4 - قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرىنى ئىجرا قىلىش ھەمدە ياخشىلىققا ئۈندەپ، يامانلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش نېگىزلىق پىرىنسىپتۇر.

5 - ئىسلامىي قېرىنداشلىقنى بەرپا قىلىش دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم

ۋەزىپىسى.
6 ـ دۆلەت ھېچقانداق سىنىپى ۋە دىنىي ئايرىمچىلىق قىلماستىن، ياردەمگە مۇھتاجلارغا ھېسداشلىق قىلىش لازىم.
7 ـ گىراژدانلار ئۇمۇم بىر تۇتاش ھالدا كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئەركىنلىك ئىمتىيازىغا ئىگە بولۇپ، قانۇن ئالدىدا باپ ـ باراۋەر.
8 ـ ھېچكىم باشقا بىرسىنىڭ جىنايى قىلمىشى تۈپەيلى جاۋابكارلىققا تارتىلىپ جازالانمايدۇ.
9 ـ پۈتۈن مەزھەپ-دىن مەنسۇپلىرى ئۆزى توغرا بىلگەن بىرەر مەزھەپ-دىنغا ئېتىقاد قىلىش ئەركىنلىكىدىن بەھرىمەن بولىدۇ.
10 ـ غەيرى مۇسۇلمانلار دىن ۋە ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ئىگە، شەخسى ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرىنى ئىجرا قىلىشقا يول قويىلىدۇ.
11 ـ غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن زىممىلىق كېلىشىمگە دۆلەتنىڭ ئىزچىل رىئايە قىلىشى كېرەك. 7 – ماددىدىكى ھۆكۈملەردىن بۇلارمۇ بەھرىمەن بولىدۇ.
12 ـ دۆلەت رەئىسى ئەر ۋە شۇنداقلا باشقا شەرتلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى لازىم.
13 ـ دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقى دۆلەت رەئىسىگە مەنسۇپ، لېكىن بەزى ھوقۇقنى مەلۇم بىر شەخس ۋە كومىتېتقا ھاۋالە قىلىش ئەركىنلىكىگە ئىگە.
14 ـ دۆلەت رەئىسىنىڭ دۆلەتنى كېڭەش ۋە مەسلىھەت پرىنسىپىغا ئۇيغۇن شەكىلدە باشقۇرۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ.
15 ـ دۆلەت رەئىسى تۈپ ئاساسىي قانۇننى دەپسەندە قىلالمايدۇ ۋە مۇستەبىت سىياسەت يۈرگۈزۈشكە قەتئى يول قويۇلمايدۇ.
16 ـ دۆلەت رەئىسىنى سايلاشقا سالاھىيتى بارلار ئۇنى ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە.

17 - دۆلەت رەئىسى قانۇن ئالدىدا پۇقرالار بىلەن ئوخشاش ئورۇندا بولۇپ، قانۇن - ئىنتىزامنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ.
18 - دۆلەت ئەربابلىرىدىن ئاددى پۇقرالارغىچە بىردەك قانۇن ئالدىدا باپ-باراۋەر بولۇپ، ئۇنى پەقەت سوت مەھكىمىسى ئىجرا قىلىدۇ.
19 . قانۇن - تۈزۈم مۇستەقىل كۈچكە ئىگە.
20 - دۆلەت ئىنتىزامىغا زىت بۇزۇقچىلىق، قالايمىقانچىلىقنى تەشۋىق قىلىدىغان، دىننى ھاقارەتلەيدىغان نەشرىيات ۋە ئاخباراتلارغا قەتئى رۇخسەت قىلىنمايدۇ.
21 - ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە رايونلار دۆلەتنىڭ ئىدارە تەشكىلاتلىرى بولۇپ، قەبىلە، تىل ۋە ئىرقنى ئاساس قىلغان(بۆلگۈنچى) تەشكىلاتلارغا يول قويۇلمايدۇ.
22 - تۈپ ئاساسى قانۇننىڭ ھېچ بىر ماددىسىغا قۇرئان ۋە ھەدىسكە زىت مەزمۇندا تەبىر بېرىلمەيدۇ .

## 2 . «ئىسلام ھەيئىتى»نىڭ پائالىيەتلىرى

1982 - يىلى 22 - نويابىر (ھىجرى 1402 - يىلى زۇلھەججىنىڭ 5 - كۈنى) پارىژدا خەلقئارالىق بىر يىغىن ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، بۇ يىغىندا ئىسلام دۇنياسىنىڭ نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان سياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدارىي ۋە قانۇن - تۈزۈم مەسىلىلىرىدىكى قىيىن نۇقتىلارنى تەھلىل قىلىش مەقسىتىدە كۆپلىگەن مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر، دۆلەت ئەربابلىرى، يازغۇچى ۋە مۇتەخەسسىسلەردىن تەركىب تاپقان ئىسلام ھەيئىتى قۇرۇلغان.
بۇ تەشكىلات ئىسلامىي مەسىلىلەر ھەققىدە جىددى خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي ساھەدە بار كۈچى بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا. نەشر قىلدۇرۇپ تارقاتقان ئەسەرلىرى ئىچىدە "ئالەمشۇمۇل ئىسلام

باياناتى"، "ئىسلامنىڭ ئالەمشۇمۇل كىشىلىك ھوقۇق باياناتى" ۋە "تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسىي قانۇنى" قاتارلىق ئۆلگىلىك، قىممەتلىك كىتابلىرى بار. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئاساسلىق نىشانى قىسقىچە تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت.

1 - قۇرئان ۋە سۈننەتكە ئاساسلانغان ئىسلامىي مۇھىتنى بەرپا قىلىش يولىدا بار كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىش.

2 - ئىسلام دىنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلىك ھوقۇقنى ئەتراپلىق رەۋىشتە قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇش.

3 - پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىرلىك- ئىتتىپاقلىقىنى تۇرغۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىش.

4 - ئاسارەت ۋە ئىشغال ئاستىدا بېسىمغا ئۇچراۋاتقان بارلىق ئىسلام ئەللىرىنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن جىددى تۈردە كۈرەش قىلىش ۋە ھەرخىل خىزمەتلەرنى ئىشلەش.

5 - مۇسۇلمانلارنى ھەر ساھەدە توغرا مەلۇماتقا ئىگە قىلىپ، ئىسلام دىنى توغرىسىدا ئەڭ توغرا ۋە ساپ ئىدىيىۋىي كۆز قاراشقا ئىگە قىلىش ھەمدە ئەجنەبىلەرگە-غەيرى مۇسلىملارغا ئىسلامىيەتنى يەتكۈزۈش.

ئەمدى «ئىسلام ھەيئىتى»نىڭ باش كاتىبى سالىم ئەززامنىڭ مۇناسىۋەتلىك باياناتلىرىنى قىسقىچە قىلىپ دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

«بۈگۈن ئىسلام دۇنياسىدا يېڭىدىن شەكىللىنىش دولقۇنى قوزغالماقتا، بۇنىڭ نېگىزلىق سەۋەبى ئىسلام ئەللىرىدە يۈگۈرۈلۈۋاتقان سىياسىي قانۇن ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مۇسۇلمانلار چىن يۈرەكتىن سۆيىدىغان ئىسلام دىنىغا دېگۈدەك ماس ئەمەس ھەتتا تەلتۆكۈس ئۇيغۇن ئەمەسلىكىدىن ئىبارەت. بۇ دولقۇن بولسا ئىسلامىيەتنىڭ گۈللەنگەن كەلگۈسى ئۈچۈن بىر بىشارەتتۇر. دۋەرىمىزدىكى ئىسلامىي ئۆيغىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولسا مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامىيەتنىڭ ھەر ئەسىر ۋە ھەر ئەل- رايونغا ماس كېلىدىغان

ئالەمشۇمۇل بىر دىن ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشىنىشى ۋە بۇ غايە ئۈچۈن ھەر ساھەدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشى، ھازىر ئىسلام دۇنياسىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي تۈزۈملەر پۈتۈنلەي ئەجنەبىي-تاشقى مەدەنىيەتنىڭ مىراسى سۈپىتىدە رولىنى جارى قىلدۇرماقتا.

قۇرئان كەرىم پەقەتلا ئىنسانلارغا بەزىبىر ئەخلاقى قائىدە - يۇسۇنلارنى يەتكۈزىدىغان كىتاب بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاساسىي قانۇن، دۆلەت تۈزۈمى، جىنايى ئىشلار قانۇنى،ھەق تەلەپ داۋا قانۇنى ۋە باشقا ھۆكۈملەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. بۇ ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلغۇچى ئىسلام دۆلىتى، ئەلۋەتتە. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەجنەبىلەر ئاسارىتىدە ياشىغانلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ مەزكۇر ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلالماسلىقتا ئۈزۈرلۈك ھېسابلانسىمۇ لېكىن سىياسىي مۇستەقىللىقنى قولغان كەلتۈرگەندىن كېيىن بۇ ئەھۋالغا خاتىمە بەرمەسلىكى تولىمۇ خاتادۇر.

ئىسلامىيەت ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ تۈزۈمدە قۇرئان كەرىمنىڭ ئەھكاملىرى ئاساسىي ئورۇننى تەشكىل قىلغان بولىدۇ. شۇنىڭدەك دۆلەت ئىجرا قىلىدىغان بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلەرنى مۇقەررەرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ يول بىلەن دۆلەتنىڭ ئىسلامىيلىقىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن بولىدۇ. ئىسلام دۆلىتى قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئىلاھى تۈزۈمىدىن مەنبۇى كۈچ ئالغان بىر دۆلەتتۇر.

ئىسلام ھەيئىتى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى دىنىي ئۆيغىنىشنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ - قۇۋۋەتلىمەكتە ۋە نۆۋەتتە دۈچ كېلىۋاتقان نوقتىلاردا ئىسلام دىنىنى چۈشەندۈرگەن باياناتلارنى ئېلان قىلىپ تارقىتىش ئارقىلىق ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە غەيرەت قىلماقتا. بۇ باياناتلار دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل

قىلىشنى چىقىش نوقتىسى قىلىدۇ. بۇ مەقسەتتە قۇرۇلغان كۆندىن ئېتىبارەن بۆگۈنگىچە ئىككى مۇھىم باياناتنى ئېلان قىلىپ تارقاتتى. بىرىنچىسى 1980 - يىلى لوندوندا نەشر قىلىنغان "ئالەمشۇمۇل ئىسلام باياناتى"، ئىككىنچىسى بولسا 1981 - يىلى نەشر قىلىنغان "ئىسلام ئالەمشۇمۇل كىشىلىك ھوقۇق باياناتى". ئاللاھقا شۈكۈركى بۆگۈن بىز ئۈچىنچى باياناتنى نەشر قىلماقتىمىز. ئۇ بولسىمۇ "تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسىي قانۇنى".

نەشر قىلىنغان "تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسىي قانۇنى" ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسىي قانۇنى نىزامى بېكىتكەن ھۆكۈملىرىنىڭ نېگىزلىك مەزمۇنىنى ئابستراكىت شەكىلدە ئۆز ئىچىگە ئالماقتا. كونكرېت ۋە تەپسىلى نوقتىلار ئىجتىھادى قاراشلارغا ھاۋالە قىلىندى. تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنىنىڭ نېگىزلىق ئاساسىنى تەشكىل قىلغان نىشان- مەقسەتنى مۇنداق يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1 - ئاللاھنىڭ مۇتلەق ھاكىمىيىتىنى تەكىتلەش بولۇپ، بۇ پەقەت ئىسلام تەلىماتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشى ئارقىلىق رىئاللىققا ئايلىنىدۇ. يەنى دۆلەتنىڭ ئاساسى قانۇنى ئىسلام دىنىغا ماس تۈزۈم بولۇشى كېرەك.

2 - ئىنساننى قەدىرلەش ۋە ئۇنىڭ يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ خەلىپىسى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش، ئەمىلىيەتتىمۇ ئاللاھ ئىنسانغا ئاسمان - زېمىن ۋە تاغلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئېلىشىدىن ئەيمەنگەن بىر ئامانەتنى تاپشۇردى ۋە ئۇنى شەرەپكە ئىگە قىلىپ ئۆزىگە خەلىپە بولالايدىغان بىر شەكىلدە ياراتتى. "شەك - شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق، ئۇلارنى قۇرۇغلۇقتا (ئۇلاغلارغا) مىندۈردۇق، دېڭىزدا (كېمىلەرگە چىقاردۇق) ئۇلارنى شىرىن يېمەكلىكلەر بىلەن رىزىقلاندۇردۇق، ئۇلارنى مەخلۇقاتلىرىمىزنىڭ كۆپىدىن ئۈستۈن قىلدۇق". (بەنى ئىسرائىل سۈرىسى، 70 - ئايەت).

3 ـ ئىنسانلار ئارىسىدا باراۋەرلىككە رىئايە قىلىش، ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش ۋە تەقۋالىق ئۈستۈنلىكىدىن باشقا كىشىلەر ئارىسىدا ئۈستۈنلۈك ئامىلى دەپ قارالغان ھەر قانداق نەرسىنىڭ ئىزنىنى يوقىتىپ، ئىرقچىلىق، يۇرتۋازلىق ۋە قەبىلىۋازلىقنىڭ ئۆزى تۆگۈل سايىسىغىمۇ ئەسلا رۇخسەت قىلماسلىق.

”ئى ئىنسانلار، سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھاۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇششۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق. ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ) ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر“. (ھۇجرات سۈرىسى، 13 ـ ئايەت)

4 ـ كىشىلىك ھوقۇقنىڭ مەنبەسىنى پادىشاھلىقنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ تەلىۋىگە مۇناسىپ، مۇستەھكەم ئاساسقا ئىگە قىلىش كېرەك. مەنبىئى ئىلاھىي بولغاچقا چېقىلىش، ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇش ھەرىكەتلىرى يۈز بەرمەي، ھېچ بىر كۈچ تەرىپىدىن خىلاپلىق قىلىنىپ دەپسەندە قىلىنماسلىغى لازىم. كىشىلىك ھوقۇققا خىلاپلىق قىلىش ئاللاھقا قارشى گۇناھ ئىشلەش دەپ ھېسابلىنىدۇ.

5 ـ ئىنسانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەردە ”ئادالەت ۋە بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش“ تۇيغۇسىنى تۇرغۇزۇش لازىم. ئادالەت ھەق ـ ھوقۇقنى مۇداپىئە قىلسا بىر ـ بىرىگە كۆيۈنۈش، شەپقەت دەرۋازىلىرىنى ئاچىدۇ، ئادالەت ۋە شەپقەت مەۋجۇد بولغان يەردە ئىنسانلار خاتىرجەم ۋە شاد ـ خۇراملىق ئىچىدە ياشايدۇ.

6 ـ قۇرئاننىڭ تەۋسىيەسى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ ”كېڭەش“ ئاساسىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ تۈپ

پرىنسىپى ۋە ئىدارى تۈزۈمىنىڭ ئۇمۇرتقا سوڭىكى قىلىش كېرەك. ئەنە شۇندىلا بىرلا كىشى ياكى مەلۇم شەخسلەرنىڭ ئەبەدىي ھاكىمىيەت بېشىغا چىقىۋېلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ.

7 - ئىمان قېرىنداشلىقى، ئىنسان قېرىنداشلىقىنىڭ ھۇلىنى تەشكىل قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىش.

يۇقىرىقى پرىنسىپلار ئاساسىدا تۈزۈلگەن "تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسىي قانۇنىي" ئۇزۇن ۋاقىتلىق تىرىشچانلىق ۋە ئىزدىنىش نەتىجىسىدە بارلىققا كەلدى. بۇ قانۇننى تۈزۈشتە كۆپلىگەن ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، دۆلەت ئەربابلىرى ۋە شۇنىڭدەك ئىسلام مۇجتەھىتلىرىنىڭ زور تۆھپىلىرى بار. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە چوڭقۇر رەھمەت ئېيتىمىز، ئۇلۇغ ئاللاھتىن بۇ خەيرلىك خىزمەتلەرنى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرۈشنى تىلەيمىز.

بىزنى بۇنداق بىر ياخشى ئىشتا رول ئېلىشقا مۇيەسسەر قىلغان ئاللاھقا ھەمدۇ سانا ئېيتىمىز. ئۇنىڭ ھىدايەت ۋە ياردىمى بولمىغان بولسا، بىز بۇ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگە بولاتتۇق. ئۇ بىزگە كۇپايە، نېمە دېگەن ياخشى ۋەكىل ھە...

ھىجرىيە 1404 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 6 - كۈنى

مىلادى 1983 - يىلى 10 - نويابىر

باش كاتىب سالىم ئەززام - ئىسلام ئابات

ئىلاۋە: يۇقىرىدا ئىسلام ھەيئىتى باش كاتىبى سالىم ئەززامنىڭ "تىپىك ئىسلام ئاساسى قانۇنىي" توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۆز ئەينى نەقىل قىلدۇق. ئەمدى بىرىنچى قىلىپ قۇرئاندىكى مۇناسىۋەتلىك بەزى ئايەتلەرنى ئەسلى تېكستى بىلەن بىرگە بايان قىلىپ، ئاندىن "تىپىك ئىسلام دۆلىتى ئاساسى قانۇنى" نىڭ مۇقەددىمىسىنى ۋە 87 ماددىدىن

تەركىب تاپقان تېكىستنى سۆزمۇ سۆز ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ دىققىتىڭلارغا سۇنىمەن.

بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيم

”(ئى مۇھەممەد)، سېنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاللاھنىڭ كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلسۇن دەپ ساڭا ھەقىقەتەن ھەق كىتابنى نازىل قىلدۇق، خائىنلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن“ (نىسا سۈرىسى 105 ـ ئايەت.)
”ئۇلار جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ھۆكمىنى تەلەپ قىلامدۇ؟ (ئاللاھقا) چىن ئىشىنىدىغان قەۋمنىڭ نەزىرىدە ھۆكۈمدە ئاللاھتىنمۇ ئادىل كىم بار؟“ (مائىدە سۈرىسى 50 ـ ئايەت.)
”(ئى مۇھەممەد) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دە تالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولسىمۇ يۇقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ“ (نىسا سۈرىسى 65 – ئايەت.)
”(پەيغەمبەر) مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلار ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە چاقىرىلغان چاغدا ئۇلار ”ئاڭلىدۇق ۋە ئىتائەت قىلدۇق“ دېيىشلىرى كېرەك، مانا شۇنداق كىشىلەر مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر“ (نۇر سۈرىسى 52 – ئايەت.)

## 3 ـ تىپىك ئىسلامى دۆلەت ئاساسى قانۇنى

بىسمىللاھىررەھمانىرراھىيم

كىرىش سۆز

ئىسلام دىنى — ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئەۋەتكەن ۋە تاللىغان دىنى بولۇپ،ئۇ تارىختىن بۇيان ساماۋى ۋەھىيلەر تەرىپىدىن بىردەك تەكىتلىنىپ كېلىنگەن. بارلىق پەيغەمبەرلەر بىرلا دىنىنىڭ ئاساسي پرىنسىپلىرىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ئىدى. ھەر قەۋمنىڭ بىر يېتەكچىسى ۋە ھەر دىن ئىگىسى بولغان خەلقنىڭ ئۆزگىچە ھايات تۈزۈمى باردۇر. بۇ ئەھۋال ئاللاھ تەئالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئەۋەتىپ قۇرئاننى نازىل قىلغانغا قەدەرمۇ شۇنداق داۋاملاشقان. ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكى بارلىق پەيغەمبەرلىكنىڭ ئاخىرقىسى بولغىنىدەك، ئۆزىمۇ پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولدى.
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالەمشۇمۇل ۋە مەڭگۈلۈك پەيغەمبەرلىكى پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر چاقىرىق بولۇپ، ھەر دەۋر ۋە ھەر رايونغا مۇناسىپلىقتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرگە ئەگەشكۈچىلىرىگە دىن ـ دۇنيا ئىشلىرىدا ھېچقانداق ئېغىر ۋەزىپە يۈكلەنمىگەنلىكى بۇ چاقىرىقنىڭ يۇقىرى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىكەنلىكىنىڭ بىر مىسالى.
ئىسلامنىڭ ھىدايىتى ھاياتنىڭ پۈتكۈل ساھەسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە.ئىسلام دىنى ماددى ۋە مەنىۋى ھەر تەرەپتىن كامالەتكە يەتكەن شەخس ۋە كوللىكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى

تەڭپۇڭلاشتۇرىدۇ ۋە شۇنىڭدەك بارچە ئىنسانلارنى ”تەقۋادارلىق/ئاللاھقا ئائىتلىق بولۇش ۋە پەزىلەت“ نى ھېساپقا ئالمىغاندا باپ - باراۋەر دەپ قارايدۇ. بۇ دىن كىشىلىك ھوقۇق پرىنسىپىنى بېكىتىپ مۇداپىئە قىلىپ كەلگەن بولۇپ، ئىنسانغا مەنسۇپ ئىززەت - ھۆرمەتنى ئالاھىدە قوغدايدۇ. شەخسنىڭ ئەركىنلىكىنى تولۇق بەرگىنىدەك، جەمئىيەتنىڭ خاتىرجەملىكى ۋە تۈزۈمىنىمۇ چەتكە قاقمايدۇ، ھەمدە ئەسىرلەردىن بۇيان ئىنسانىيەتنى ئادالەت ۋە تىنچلىقتا ئاساسلانغان ئىنساني قېرىنداشلىققا چاقىرماقتا.

ئىسلام دىنى پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدىكى بۇنداق بىر تۈزۈمنىڭ شەكىللىنىشى ۋە بەرپا قىلىنىشى ئىسلام دۆلىتى قانۇنىنىڭ تولۇق ئىجرا قىلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇنداقتا ئىسلام دىنى بۇ تۈزۈمنىڭ تۈپ ئاساسى ھۇلى بولۇپ، كىشى بۇ ئارقىلىق ھەم ئۆزىنى ھەمدە خەلقنى، شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يېڭى باشتىن ئۇنىڭغا ئۇيغۇن ھالدا تەرتىپكە سالىدۇ ۋە سىلىشى كېرەك.

بىز مۇسۇلمانلار يۇقىرىقى مەزمۇنلارغا چىن قەلبىمىزدىن باش ئېگىپ، ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزنى ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ۋە تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى شۇئارىمىزغا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدۇق ۋە ماقۇللىدۇق.

1 - پەقەتلا ئاللاھقا قۇللۇق قىلىش.

2 - مەسئۇلىيەت بىلەن بىرلىكتە شەرئىي ئەركىنلىك[2].

3 - شەپقەتتىن ئايرىلمايدىغان ئادالەت.

4 - قېرىنداشلىق روھىي بىلەن مۇجەسسەملەشكەن باراۋەرلىك.

5 - كۆپلۈك ئاساسىدىكى بىرلىك.

6 - كېڭەش، دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىمىزنىڭ ئاساسي.

---

[2] شەرئىي ئەركىنلىك دېگەندە كىشىلەرنىبادەتكە مەجبۇرلىماسلىق ھەم شۇنداقلا توسقۇنلۇقمۇ قىلماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

ئىسلامىيەت چۈشەنچىسىدىكى مەزكۇر پرىنسىپلار ئاللاھ تەئالا تەلەپ قىلغان ۋە سۆيگەن بىر مۇھىتنى قۇرۇشنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى. بىز مۇسۇلمانلار بۇ ئاساسىي قانۇنغا بولغان ھەم پىكىرلىكىمىزنى پارلامېنت ياكى يوللۇق ئورگان ۋاستىسى بىلەن ئىپادە قىلىمىز. بۇ قانۇننىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇش ۋە ھۆكۈملەرگە بويسۇنۇش ھەققىدە ئاللاھقا ۋەدە بېرىمىز، ئاللاھ تەئالا سۆزىمىزنىڭ شاھىدى.

# 1 . باب نېگىزلىق پرىنسىپلار

1 . ماددا: تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 – ھۆكۈمرانلىق تامامەن ئاللاھقا مەنسۇپ، ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان قانۇن ئىسلام دۆلىتى قانۇنى.

2 – قۇرئان ۋە ھەدىس ئارقىلىق تەرىپلەنگەن ئىسلام دۆلىتى قانۇنى تۈزۈم لايىھەسىنىڭ مەنبەسى ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ تۈپ ئاساسىي ھېسابلىنىدۇ.

3 – دۆلەت ئەڭ مۇھىم ئامانەت ۋە مەسئۇلىيەتتۇركى، خەلق ئاممىسى ئۇنى شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن رەۋىشتە بىۋاستە باشقۇرىدۇ .

2 – ماددا: ھەر بىر ئىسلام دۆلىتى ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى، شۇنىڭدەك ئۇ يەردە ياشىغان مۇسۇلمانلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر .

3 – ماددا: ئىسلام دۆلىتى ۋە كوللېكتىۋى تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرىدۇ.

1 – شەرىئەت ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇش، ئۇنى كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ ھەر قايسى ساھەسىدە ئىجرا قىلىش.

2 – كېڭەش پرىنسىپىنى چىڭ تۇتۇش ۋە ھاكىمىيەتنىڭ تۈپ ئاساسىي دەپ قاراش، كائىناتتىكى پۈتكۈل قۇدرەت ۋە مال - مۈلۈكنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەممە نەرسىنى

ئىنسانلار مەنپەئىتى ئۈچۈن ياراتقانلىقىغا ھەمدە ئۇنىڭغا ھېچكىمنىڭ قارشى چىقىش ھوقۇقىنىڭ يوقلىقىغا چىن قەلبىدىن ئىشىنىش، ئەنە شۇ چاغدىلا ھەر ئىنساننىڭ كائىنات ئالىمىدە ئۆزىگە ئاتا قىلىنغان تېگىشلىك ئىلاھىي نېسىۋىسى بارلىقى تەبىئى رەۋىشتە قانۇن بىلەن كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

3 - كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرگە ئائىت ئىمتىياز، بايلىقلار ئاللاھنىڭ ئامانىتى ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش، ئۆزلىرىنى بولسا ئاللاھقا ۋاكالىتەن ئۇنى ئىشلەتكۈچى، ئاسرىغۇچىسى دەپ بىلىپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىگە مۇناسىپ ھالدا ئىستېمال قىلىشقا بېكىتىلگەن خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش ئىش ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇش.

4 - ياراتقۇچى ئاللاھ بېكىتكەن شەكىلدە كىشىلىك ھوقۇقنى ماقۇل كۆرۈپ، يەر يۈزىنىڭ قايسى بىر يېرىدە بولمىسۇن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغانلارغا ھېسداشلىق قىلىش.

5 - دۆلەتنىڭ زورلىشى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئۆز قىزغىنلىقى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشنى ھايات پەلسەپسى قىلىپ مېڭىش، شەخسلەرنىڭ ئىسلامىي روھىنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، كوللېكتىپ ئىچىدە ئىسلام تەلىماتى ئاساسىدىكى ئىلغار گەۋدە تەشكىل قىلىش، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا مائارىپ، مەدەنىيەت، تەشۋىقات قاتارلىق ساھەلەردە بارغانسىرى گۈللەنگەن بىر ئىسلامىي ئاساسنى بارلىققا كەلتۈرۈش.

6 - پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۈچۈن يۇقىرى سەۋىيەدىكى تۇرمۇش يوللىرىنى ئېچىش، كۈچ ۋە قابىلىيىتى بارلارغا ئىشلەش پۇرسىتى تۇغدۇرۇش بىلەن بىرگە مېيىپ، ساقايماس كېسەل ۋە ياشىنىپ قېلىشتەك ئىشلەش ئىقتىدارىدىن مەھرۇم كىشىلەرگە پاراۋانلىق ۋە ئىجتىمائىي ياردەم ئىمكانىيىتىنى سۇنۇش.

7 - سەھىيە، مائارىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە ئىجتىمائىي خىزمەتلەرگە كاپالەتلىك قىلىش.

8 - ئىسلام مىللىتىنىڭ بىرلىكىنى ئاساسى ئوبيېكتىپ قىلىپ، بۇنىڭغا كېرەكلىك بولغان ھەرقانداق پىداكارلىقلارنى كۆرسىتىش.
9 - ئىسلام دىنىغا چاقىرىش ۋە تەبلىغ خىزمىتىنى ئاكتىپ قانات يايدۇرۇش .

## 2 . باپ نېگىزلىق ھوقۇق ۋە ۋەزىپىلەر

4 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - بارچە ئىنسانلارنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى ۋە ئىپپەت - نۇمۇسى، يۈز - ئابرۇيى ھۆرمەتكە تېگىشلىك بولۇپ، دەپسەندە قىلىنىشقا يول قويۇلمايدۇ. چېقىلىشقا بولمايدۇ، پەقەت ئىسلام قانۇنى ئورناتقان مەلۇم جازا بۇنىڭدىن مۇستەسنا.
2 - بىراۋنىڭ مېلى ۋە قېنى دەپسەندە قىلىنمايدۇ، ئادەم ئۆلتۈرۈش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا رۇخسەت يوق ھەمدە ئۆلۈكلەرنىڭ ھوقۇقىمۇ مۇداپىئە قىلىنىدۇ.
5 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - ھېچكىمگە ماددى ۋە مەنىۋى قىيىن قىستاق قىلىنمايدۇ. كىشىلەرنى ئائىلە ئەزالىرىدىن بىرىگە ياكى باشقا يېقىنىغا ئازار - كۈلپەت ۋە ياكى ھاقارەت قىلىش بىلەن تەھدىت سېلىنمايدۇ. شۇنداقلا جىنايەتنى ئېتىراپ قىلدۇرۇش ياكى ئۆزى ياكى باشقىلارغا زىيانلىق بولغان بىر ئىش، سۆز - ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مەجبۇرلانمايدۇ.
2 - قىيناش جىنايەتتۇر (قىيناش ئارقىلىق جازالانمايدۇ).
6 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - بىراۋنىڭ شەخسى ھاياتىنى ھۆرمەتلەشكە تېگىشلىك بولۇپ، چېقىلىشقا بولمايدۇ.

2 – ئولتۇراقلىشىش، ئۇچۇر - ئالاقە قىلىش ۋە سۆزلىشىش ئەركىنلىكىنىڭ مەخپىيەتلىكى ۋە چېقىلىشقا بولمايدىغانلىقى ئاساسىي پرىنسىپتۇر. بۇنى پەقەت قانۇنلۇق سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارى بويىچە ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولىدۇ.

7 - ماددا: ھەر بىر ئىنسان دۆلەتنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆلچىمىدە يەپ - ئىچىش، كىيىم - كېچەك كىيىش، تەلىم - تەربىيە ئېلىش ۋە ساقلىقنى ساقلاش ھوقۇقىغا ئىگە.

8 - ماددا: ئەركىن پىكىر قىلىش، خالىغان دىنغا ئېتىقاد قىلىش ھۆررىيىتىگە دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇلارنى تارقىتىپ، تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكى شەرىئەت ئەھكاملىرى يولغا قويغان دائىرە ئىچىدە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

9 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - ھەممە ئىنسانلار قانۇن ئالدىدا باب – باراۋەر، شۇنداقلا قانۇن ئارقىلىق ئوخشاشلا قوغدىلىدۇ.

2 - ھەر بىر ئىنسان تۇرمۇشىنىڭ ھەر ساھەسىدە ئىمكانىيەت ۋە پۇرسەتتىن باشقىلارغا ئوخشاش پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھېچكىمنىڭ ئىشلەش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشى، بىر خىل ئىشتىن باشقىلارغا ئوخشاش ھالدا ھەق ئېلىشتىن مەھرۇم قىلىنىشقا يول قويۇلمايدۇ. كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا ئىرق، رەڭ، تىل ۋە دىن تۈپەيلى ئايرىمچىلىق قىلىشقا يول يوق . بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

10 - ماددا: تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - ھەر بىر شەخسنىڭ پەقەتلا شەرىئەت ئەھكاملىرىغا ئۇيغۇن ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقى بار.

2 - قانۇن ھۆكۈملىرى يولغا قويۇلغان كۈندىن ئېتىبارەن كۈچكە ئىگە، قانۇننىڭ ئۇچۇق ئىستىسنالىرى ۋە بەزى جازا خاراكتېرلىك ھۆكۈملەردىن باشقىسى رەد قىلىنمايدۇ.

11 ـ ماددا: تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ قانۇننىڭ سىرتىدا جىنايەت ۋە جازا ئۇقۇمى مەۋجۇت بولمايدۇ (يەنى جىنايەت دەپ باھا بېرىش ۋە جازالاش پەقەتلا قانۇن ئۆلچىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ).
2 ـ ھەر ئىنسان ئۆز قىلمىشىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. باشقىسىنىڭ جىنايىتى تۈپەيلى جازالاندۇرۇلمايدۇ.
3 ـ تۇتۇپ تۇرۇلغان كىشى سوتنىڭ رەسمىي قارارى چىقمىغۇچە جىنايەتسىز ھېسابلىنىدۇ.
4 ـ ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى تولۇق بېرىلگەن ئادىل سوت ئېچىلماستىن ئىلگىرى ھېچكىم جازالاندۇرۇلمايدۇ .
12 ـ ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ ھەر شەخسنىڭ ئىدارى دىكتاتۇرلۇق زۇلمىدىن ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ھوقۇقى بار، ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ياكى ئەھۋالىنى باھالاشقا زورلانمىغاندەك پاكىت بولماي تۇرۇپ ئۇنى قارىلاشقىمۇ بولمايدۇ.
2 ـ شەخسى ياكى ئومۇمنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشقانلىق تۈپەيلى ھېچكىم سوراققا تارتىلمايدۇ .
13 ـ ماددا: تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ ئىسلامىي چەك ـ چېگرا دائىرىسىدە ئۆيلىنىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققى بولۇپ، ئائىلە بىناسىنى قۇرۇشتىكى بىردىنبىر يوللۇق ئىشتۇر.
2 ـ ئايال ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ چىقىمىنى كۆچىنىڭ يېتىشىچە قامداش ئەرنىڭ ۋەزىپىسى.
3 ـ ئانىلىق ۋە ئائىلە — دۆلەت ۋە كوللىكتىپ ئىچىدىكى ئالاھىدە مەخسۇس قوغدىلىشقا تېگىشلىك بىر ھوقۇق.
4 ـ ھەر بىر ئاتا ـ ئانا پەرزەنتىنى ئەڭ گۈزەل رەۋىشتە تەربىيلەش، ئوقۇتۇپ يېتىلدۈرۈش ئۇلارنىڭ ئۈستىدىكى ۋەزىپىسىدۇر.

5 ـ باللارنىڭ كىچىك يېشىدا ئىشقا سېلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ .
14 ـ ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ ۋەتەنداشلىق، گىراژدانلىق ئىشلىرىنى قانۇن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ.
2 ـ ئىسلام دۆلىتىنىڭ گىراژدىنى بولۇش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ تېگىشلىك ھەققى، بۇنىمۇ قانۇن ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بىر تەرەپ قىلىدۇ .
15 ـ ماددا: قانۇن بېكىتكەن ئەھۋاللاردىن سىرت ھەر بىر گىراژدان مەلۇم بىر رايوندا ياشاش، كۆچۈپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھېچكىم ۋەتىنىدىن سۈرگۈن قىلىنمايدۇ ۋە ۋەتىنىگە قايتىپ كەلگەنلەر توسقۇنلۇققا ئۇچرىمايدۇ .
16 ـ ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ دىندا زورلاش يوق(ھېچكىمنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ياكى چىقىشقا زورلاشقا بولمايدۇ)
2 ـ غەيرى مۇسۇلمان ئازسانلىقلارنىڭ دىنى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنى ساقلاش ھوقۇقى بار.
3 – غەيرى مۇسلىم ئازسانلىقلارنىڭ شەخسىي ئىشلىرىدا ئۆزلىرىنىڭ دىنى ھۆكۈملىرى كۈچكە ئىگە، لېكىن ئۆزلىرى ئىسلام قانۇنىنى ئىجرا قىلىشنى خالىسا ئىسلامىي قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ .
17 ـ ماددا: كوللېكتىپنىڭ ئىدارى ۋە سىياسىي ئىشلىرىغا قاتنىشىش مۇئەييەن ياشتىن كېيىن ھەر بىر پۇقرانىڭ ھوقۇقى ۋە ۋەزىپىسى .
18 ـ ماددا: تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ گىراژدانلارنىڭ يىغىن ئۇيۇشتۇرۇش ھوقۇقى بار، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا زىت بولماسلىق شەرتى ئاستىدا ھەر تۈرلۈك سىياسىي، ئىلمىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي جەمئىيەت ۋە ئۇيۇشما قۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

2 - مەزكۇر تەشكىلاتلارنىڭ مەخسۇس پرىنسىپ ۋە قائىدىلىرىنى ئالاھىدە قانۇن بەلگىلەيدۇ  ۋە كونترول قىلىدۇ.
19 - ماددا:  شەرىئەت ئەھكاملىرى دائىرىسى ئىچىدە خالىغانلارغا ئىلتىجا قىلىش ئىمكانىيىتى يارتىپ بېرىلىدۇ. دۆلەت بۆلارنىڭ ئامانلىق قوغداش ئىشلىرىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ ۋە ئېھتىياجلىق بولسا تۇرىدىغان يېرىنىڭ چىقىملىرىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدۇ. تەلەپ قىلغان تەقدىردە خاتىرجەم بولالايدىغان رايونغا يەتكۈزۈپ قويۇش مەجبۇرىيىتى بار .

# 3 . باپ كېڭەش كومىتېتى

20 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - كېڭەش كومىتېتى بىر تۈركۈم ئەزالاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنى خەلق سايلام ئارقىلىق ئۆزلىرى تاللايدۇ.
2 - كېڭەش كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى ئەمەلى شارائىتقا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.
3 - كېڭەش كومىتېتىغا ئەزا بولۇش شەرتى قانۇن تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.
21 - ماددا: كېڭەش كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىنىڭ خىزمەت ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىچە:
1 - زۆرۈر تېپىلغاندا ئۆلىمالار كومىتېتىنىڭ پىكرىنى ئېلىش بىلەن بىرگە يېڭى تۈزۈم ئورنىتىش ئارقىلىق ئىسلام قانۇنىنىڭ ئوبىكتىپ غايىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش.
2 . قانۇن - تۈزۈملەرنى ئېلان قىلىش.
3 - دۆلەتنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ، يىللىق كىرىم - چىقىملارنى تەكشۈرۈش ۋە دۆلەت ئىقتىسادى كىرىمىنى چىقىم قىلىدىغان ئورگانلارنى قۇرۇش ۋە بۇھەقتە قارار چىقىرىش.

4 - بۋاستە ياكى ۋاكالىتەن مىنىستىرلار دۆلەتنىڭ ئىدارە - جەمئىيەتلىرى قاتارلىقلارنىڭ ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىپ تۇرۇش ۋە ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش.
5 - ئۇرۇش، تىنچلىق ۋە ياكى كۈتۈلمىگەن ئەھۋاللاردا دۆلەت رەئىسىگە تۇلۇق ھوقۇق بېرىش.
6 - دۆلەتلەر ئارا ماقۇللانغان كېلىشىملەرنى تەستىقلاش.
22 - ماددا: كېڭەش كومىتېتى ئەزالىرى ۋەزىپە ئۆتەش جەريانىدا شەخسى كۆز قاراش ۋە پىكىرلەرنى بايان قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مەلۇم كۆز قاراش ۋە پىكىرلىرى تۈپەيلى تۇتقۇن قىلىنمايدۇ، جازالانمايدۇ ۋە كېڭەش ئەزالىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانمايدۇ.

## 4 - باپ دۆلەت رەئىسلىكى(ئىمامەت)

دۆلەت رەئىسلىكى — دىنىي ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتى يولىداخىزمەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن مۇھىم بىر ئورۇن گاندۇر.
23 - ماددا: تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت رەئىسى دۆلەتنىڭ ئىدارە ئىشلىرىنىڭ باشلىقى. ئۇ سايلام ئارقىلىق سايلىنىدۇ، ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى سايلانغان كۈندىن ئېتىبارەن مۇئەييەن ۋاقىتقىچىلىك بولىدۇ.
2 - دۆلەت رەئىسى كوللېكتىپ خەلقنىڭ مەسئۇلى بولۇپ، خەلق ئاممىسى ۋەكېڭەش كومېتىتى ئالدىدا جاۋابكاردۇر. ئالاھىدە ھۆكۈملەرنى بىۋاستە قانۇن بىكىتىدۇ .
24 - ماددا: دۆلەت رەئىسىدە بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر تۆۋەندىكىچە:
1 - مۇسۇلمان بولۇش بىلەن بىرگە رەئىسلىك سالاھىيىتىگە تۇلۇق ئىگە

بولۇش (مۇئەييەن ياش چەكلىمىسى قوشۇلۇشىمۇ مۇمكىن).
2 ـ ئادىل يەنى شەرىئەت گۇۋاھلىق سالاھىيىتى  بار بولۇش.
3 ـ ئىسلام دىنىغا سادىقلىقى بىلەن تونۇلغان ۋە ئىسلامى قانۇننى ياخشى بىلىدىغان سەۋىيەلىك كىشى بولۇش.
4 ـ ئەقلى ۋە جىسمانى جەھەتتىن بۇ ماقامنىڭ يۈكىنى ئۈز ئۈستىگە ئالالايدىغان قابىلىيەتكە ئىگە بولۇش.
5 ـ دۆلەت رەئىسلىك ماقامىغا سەلبى تەسىر يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئەيىپ ۋە نۇقساندىن خالىي بولۇش.
25 ـ ماددا: دۆلەت رەئىسى ۋەزىپىسىنى باشلاشتىن بۇرۇن بەيئەت «ۋەدە بېرىش» كومىتېت رەئىسلىكى ئالدىدا رەئىسلىكى ئېلان قىلىنىدۇ. بەيئەت كومىتېتى، كېڭەش كومىتېتى، ئۆلىمالار كومېتىتى، ئالى ئاساسى قانۇن كومىتېتى ئەزالىرى بىلەن سوت ئورگان رەھبەرلىرى ۋە سايلام ھەيئىتى ئەزالىرى، ئارمىيە قوماندانلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. كومىتېت دۆلەت رەئىسىدىن تۆۋەندىكى  مەزمۇنلاردا ۋەدە ئالىدۇ. ئىسلام قانۇنىنىڭ تېكستى ۋە روھىغا سادىق بولىدىغانلىقى، ئىسلام پرىنسىپىغا جان ـ دىلى بىلەن ئەگىشىدىغانلىقى، ئاساسى قانۇنغا ئىزچىل بويسۇنىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ جۇغراپىي، پىكرى، سىياسى ھەمدە ئىقتىسادى مۇستەقىللىقىنى، شۇنداقلا خەلقىنىڭ يوللۇق ھەق ـ ھوقۇقلىرىنى قوغدايدىغانلىقىنى، كوللېكتىپ ئىچىدە ئايرىمچىلىق قىلماستىن شەخسلەر ئارا ئادالەتنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، كىشىلەرنىڭ ھەقلىق تەلەپ، ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى بەجا كەلتۈرىدىغانلىقى ھەققىدە دۆلەت رەئىسى يىغىلغان خەلق ئاممىسىدىن ئۈلار ئۈچۈن بىۋاستە ۋە يىغىلمىغانلار ئۈچۈن ۋاكالىتەن بەيئەت (ماقۇللۇق) ئالىدۇ .
26 ـ ماددا: دۆلەت رەئىسىنىڭ بەزى ئۆزگىچە كۆز قاراش ۋە پىكرى بولسىمۇ يەنىلا پۇقرالاردىن توپلاڭ ۋە ئىسيان چىقارماي ئۆزىگە بۇيسۇنۇشنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بار .

27 - ماددا: دۆلەت رەئىسىنىڭ ھېچقانداق ئايرىمچىلىق قىلماي، پۇقرالا ر ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتى بار .

28 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - دۆلەت رەئىسى ئۈچۈن دۆلەتكە ئائىت بىر نەرسىنى سېتىۋېلىشى ياكى كىراغا ئېلىشى چەكلەنگەندەك ئۆزىنىڭ شەخسى نەرسىسىنىمۇ دۆلەتكە سېتىشى ياكى كىراغا بىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ. شۇنداقلا مەيلى دۆلەت ئىچى بولسۇن ياكى چەتئەلدە بولسۇن دۆلەت مۈلكىگە ئائىت باشقا ئېلىم - سېتىم ۋە كىرا، ئىجارە ئىشلىرىدىن ئۇزاق تۇرىدۇ.

2 - مەنسىپى يۇزىسىدىن دۆلەت رەئىسىگە، ئائىلىسىگە ۋە باشقا دۆلەت خادىملىرىغا تەقدىم قىلىنغان سوغاتلار مۇسۇلمانلارنىڭ بەيتۇل مالى (دۆلەت غەزىنىسىگە) قويۇلىدۇ .

29- ماددا: ھەد(تەن جازاسى)، قىساس ۋە دىيەت جازالىرىدىن باشقا تەئزىر (ئاگاھلاندۇرۇش) جازالىرىنى دۆلەت رەئىسى كەچۈرۈم قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بىراق يۇقىرىقى جازالارنى كەچۈرۈم قىلالمايدۇ، يېنىكلىتەلمەيدۇ ياكى ئىجرا قىلىشنى توختىتىپ قويۇش، بۇ ھۆكۈمنى ئۆزگەرتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس .

30 - ماددا: دۆلەت رەئىسى ياكى بىكىتىلگەن مۇناسىۋەتلىك كىشىلەر باشقا دۆلەتلەر بىلەن ياكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار بىلەن كېلىشىم تۈزۈش، ھەمكارلىشىش ۋە ئۇندىن باشقا دۆلەتلەر ئارا ھۆججەتلەرنى ئىمزالاش، قول قويۇش ھوقۇقىغا ئىگە .

31 - ماددا: دۆلەت رەئىسى كېڭەش كومىتېتى ماقۇللىغان قانۇن - تۈزۈملەرنى ئېلان قىلىدۇ. ئەگەر كېڭەش كومىتېتى قارار قىلغان بىرەر قانۇن - تۈزۈمگە قېتىلمىسا قارار قىلىنغان كۈندىن ئېتىبارەن 30 كۈنگىچە قېتىلماسلىقتىكى سەۋەبلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېڭەش كومىتېتىغا ئەۋەتىدۇ. كومىتېت ئۈچتەن ئىككى كۆپچىلىكنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن قايتا قارار قىلسا مەزكۇر قانۇن كۈچكە ئىگە.

32 - ماددا: دۆلەت رەئىسى ئىككى مۇئاۋىنىنى، مىنىستىرلارنى، ئەلچىلەرنى ۋە ئارمىيە قوماندانلىرىنى ئۆزى تەيىنلەيدۇ.
33 ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت رەئىسى ئاساسى قانۇن ھۆكۈملىرى ۋە شەرئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپلىق قىلسا سوراققا تارتىلىدۇ. سوراققا تارتىش ئۈچۈن كېڭەش كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئۈچتەن ئىككى كۆپچىلىكى قارار چىقىرىشى لازىم. سوراق قىلىش ئارقىلىق بەيئەت «ۋەدىنامە» گە خىلاپلىق قىلغانلىقى ئېنىقلانسا، دۆلەت رەئىسلىك ھوقۇقى-مەنسىۋىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەزالارنىڭ ئۈچتەن ئىككى كۆپچىلىكى بىلەن چىقىرىلغان «بەيئەت كومىتېتى»نىڭ قارارى شەرت.
2 - دۆلەت رەئىسىنىڭ ئەيىبلىنىشى، سوراققا تارتىلىشى، ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ۋە بۇ ھەقتىكى پىرىنسىپنى قانۇن بەلگىلەيدۇ .

34 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت رەئىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ۋەزىپىسىدىن ئايرىلماقچى بولسا، ئىستىپا ئىلتىماسىنى كېڭەش كومىتېتىغا سۇنىدۇ.
2 - دۆلەت رەئىسلىك ئورنى بوش قالسا ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاقىتلىق كېڭەش كومىتېتى رەئىسى ئىش بېجىرىدۇ ۋە مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدە يېڭى بىر دۆلەت رەئىسى سايلىنىدۇ.
3 - دۆلەت رەئىسى نۆۋەتتىكى خىزمەت ۋە ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمىسا ئورنىغا كېڭەش كومىتېتى رەئىسىنى ۋەكىل قىلىدۇ. بۇ مەلۇم ۋاقىتلىقچىلىكىلا مۇمكىن، مۇبادا ئۇ ۋاقىت ئىچىدە خىزمەتنى قولىغا ئالمىسا، دۆلەت رەئىسلىك مەنسىپىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ.

## 5 ـ باپ  سوت (قازىخانا)

35 ـ ماددا: سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىش ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا بۇ مەھكىمىگە ئىلتىماس قىلىش، دەخلى - تەرۇز يەتكۈزۈشكە مۇمكىن بولمايدىغان بىر ھوقۇقتۇركى، بارلىق ئىنسانلارنىڭ سوت مەھكىمە ھوقۇقى ھىمايە قىلىنىدۇ .

36 ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ سوت مەھكىمىسى مۇستەقىل ئورگاندۇر. ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ غايىسى ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ھەققانىيەت ۋە ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىدۇر.

2 ـ ھاكىم (سوتچى) لارمۇ مۇستەقىل بولۇش بىلەن بىرگە قانۇن سىرتىغا چىقالمايدۇ . قانۇنغا خىلاپ ھالدا ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى يوق.

37 ـ ماددا: سوت ھەقسىز (پۇلسىز) ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇنىڭ سۈيئىستېمال قىلىنماسلىقى ئۈچۈن قانۇن تەرىپىدىن چارە قوللىنىلىدۇ .

38 ـ ماددا: سوت ئۇچۇق ئېچىلىدۇ، لېكىن يۈز – ئابرۇي، ئېپپەت، شەخسى ھەقلەر، ئائىلە ۋە تىنچ ـ ئامانلىقتا ئالاقىدار سىرلار بىلەن ئامىمنىڭ ئەخلاقىنى چىرىتىشكە سەۋەب بولىدىغان دېلولار مەخپى رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدۇ، مەخپى سوت ئېچىلىدۇ .

39 ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 ـ شەخسى مەھكىمە قۇرۇش مەنئى قىلىنىدۇ.

2 ـ قوراللىق ئارمىيە مەنسۇپلىرىنىڭ ئەسكىرى قانۇنلارغا خىلاپلىق قىلىشتەك دېلولىرىنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئارمىيە سوت مەھكىمىسى بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولسىمۇ ھەربىي ئىشلاردىن باشقا دېلولىرى ئادەتتىكى سوت مەھكىمىسىدە بىر تەرەپ قىلىنىدۇ.

40 ـ ماددا: مەھكىمە قارارىنى ئىجرا قىلىش مۇناسىۋەتلىك مەمۇرى خادىملارنىڭ ۋەزىپىسى بولۇپ، ئۇنى كېچىكتۈرۈش ياكى يېتەرلىك ئىجرا قىلماسلىق جىنايى قىلمىش ھىساپلىنىدۇ ۋە قانۇن بۇيىچە جازاغا

تارتىلىدۇ .
41 - ماددا: مەزكۇر ئاساسىي قانۇنغا زىت بولماسلىق شەرتى بىلەن سوت مەھكىمىسىنىڭ تۈزۈملىرى، سوتتا تارتىشتىكى شەرت، ھاكىم (قازى - سوتچى)لارنى تەيىنلەش، ئۇلارنى ئېلىپ تاشلاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۈزۈملەرنى ھەمدە سوت مەھكىمىسى بىلەن دۆلەتنىڭ باشقا ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدىن تارتىپ سوتتا ئالاقىدار ھەر بىر مەسىلىنى قانۇن بەلگىلەيدۇ.

## 6 - باپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى

42 - ماددا: بۇ تەشكىلات شەھەر، رايۇن تۈزۈملىرىنى ياخشىلاش ۋە ياخشىلىقتا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان ھەيئەت بولۇپ، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى ئۈستىگە ئالىدۇ.
1 - ئىسلامنىڭ شان - شەرىپىنى قوغداپ، ھەرخىل تاجاۋۇزدىن مۇداپىئە قىلىش مەقسىتىدە ياخشىلىقتا تەشەببۇس قىلىپ، يامانلىقتىن توسۇش.
2 - پۇقرالارنىڭ دۆلەت ئورگانلىرى ھەققىدىكى دات - پەريات، ئەرز - شكايەتلىرىنى تەكشۈرۈش.
3 - گىراژدانلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغداش.
4 - دۆلەت مەمۇرى كادىرلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، خىزمەت جەريانىدىكى كەمچىلىكلەرنى، يېتەرسىزلىكلەرنى بايقاپ، ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن چارە قوللىنىش ۋە بۇ ھەقتە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە خىزمەت ئىشلەش.
5 - ئىدارى قارارنىڭ يوللۇق، ئادىل ۋە شەرىئەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش .
43 - ماددا: ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ بىر باش رەئىسىدىن

باشقا يەنە ھەر مەھەللە، ئىدارە ئورگىنىدا قانۇن بۇيىچە تەينلەنگەن ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرى بولىدۇ. بۇ ھەقتىكى تەپسلى پرىنسىپلارنى قانۇن بىكىتىدۇ.

44 - ماددا: ئىنتىزام تەكشۈرۈش خادىملىرى بىۋاستە ئۆزلىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىنىدەك، باشقىلارنىڭ خەۋەر قىلىشى ياكى ئەرزلىرى مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ تەپتىش قىلىدۇ. كىشىلەردىن ھەرتىپمىدا مەلۇمات سوراش ۋە ھۆججەت سۈرۈشتە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەلىۋىگە ماسلىشىش ھەر بىر گىراژدانىنىڭ مەجبۇرىيتى.

45 - ماددا: ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى رەئىسى قانۇن – تۈزۈم، ئىجرائاتتىكى خاتالىق، ئادالەتسىزلىك ھەمدە ئاساسى قانۇنغا خىلاپ ئەھۋاللارنى بايقىسا، ئۇ تۈزۈمنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى ياكى قىسمەن ئۆزگەرتىلىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارغا ئىلتىماس سۇنىدۇ.

46 - ماددا: بۇ كومىتېتىنىڭ سوت ئورگىنى ساھەسىدىكى نۇقتىلاردا قارار بېرىش ھوقۇقى يوق.

## 7 ـ باپ ئىقتىسادى تۈزۈم

47 - ماددا: جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادى تۈزۈمى ئىسلامى پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىدۇ. ئادالەت، باراۋەرلىك، ئىنسانى ھۆرمەت، ئىقتىسادىي ئەركىنلىك، ئىقتىسادىي ئالاقىنىڭ تەڭپۇڭلىنىشى، چىقىم قىلىش نىسبىتىنىڭ مۇۋاپىق چەك - چېگرا ئىچىگە ئېلىنىشى، ئىنسان كۈچى ۋەكىرىم مەنبەلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئىشلىتىلىشى ۋە يۇقىرىقىلارنىڭ جەمئىيەت تەلىۋىگە ئۇيغۇن ۋە پىلانلىق تۈردە قوللىنىلىشى قاتارلىقلار بولسا ئىقتىسادى تۈزۈمنىڭ مۇھىم مەقسىتى .

48 ـ ماددا: بارلىق كىرىم ۋە بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىپ، ئاكتىپ ھالغا ئەكىلىش ھەمدە راۋاجلاندۇرۇش دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى. بىراق قانۇن چەك ـ چېگرىسى دائىرىسىدە شەخسلەرمۇ بۇنىڭغا قېتىلىشى توغرا. دۆلەتكە ئائىت كىرىم مەنبەلىرىنىڭ ئىشتىن توختىتىلىشى، بۇزۇۋېتىلىشى ياكى بولمىسا ھەددىن زىيادە ئىسراپ قىلىنىشىغا يول قويۇلمايدۇ.
49 ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ ئاممىنىڭ مۈلكى ئاساستۇر، بۇ مەملىكەتنىڭ تەبىئىي بايلىقى، دۆلەتنىڭ ئاممىۋى مال ـ مۈلكى ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان مۇئەسسەسەسى ۋە ئاممىۋى مەبلەغلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
2 ـ خۇسۇسى ئىگىلىك يوللۇق بولۇپ، دەخلى ـ تەرۇز قىلىشقا بولمايدۇ. لېكىن قانۇن يول قويغان دائىرە ئىچىدە ئىشلەپ تېپىلغان بولۇپ، شەرئىەت مۇباھ قىلغان يوللارغا ئىشلىتىلىشى شەرت.
3 ـ ئاممىۋى مال ـ مۈلۈك ئومۇمنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجىغا ئىشلىتىشدىن سىرت سەۋەبسىز تۆگىتىۋېتىلىشقا بولمىغىنىدەك خۇسۇسى مۈلۈكمۇ نەخ بەدەل تۆلىمەستىن ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا سەرپ قېلىنىۋېلىشى توغرا ئەمەس .
50ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 – ئىقتىسادى تەرەققىيات ئەركىنلىكى قانۇن دائىرىسى ئىچىدە كاپالەتكە ئىگە.
2 ـ شەرئىەتكە خىلاپ بولغان بارلىق كىرىم ـ چىقىم مەنئى قىلىنىدۇ.
3 ـ يوللۇق شەكىلدە قولغا كەلتۈرگەن كىرىم ۋە مال ـ مۈلۈك مۇسادىرە قىلىنمايدۇ .
51 ـ ماددا: پۇل-ئىگىلىك، مال ـ مۈلۈك ئالماشتۇرۇش ۋە قىممەت ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇنى بۇ شەكىلدىن (ئالاھىدىلىكىدىن) ئېلىپ تاشلايدىغان ھەرقانداق ئىقتىسادى سىياسەت ئېلىپ بېرىلماسلىقى

كېرەك .
52 ـ ماددا: ئىگىسىز ھەرقانداق مال ـ مۈلۈك دۆلەتكە مەنسۇپ .
53 ـ ماددا: ئۆسۈم (جازانە)، ئىگىلىكنى مونوپۇل قىلىۋېلىش (ئېھتىكار)، مالنى ساتماي يىغىۋېلىش، ناتوغرا يولدىن پۇل تېپىش ھەمدە جەمئىيەتكە زىيانلىق ئىقتىسادى يولغا ئارىلىشىش پۈتۈنلەي مەنئى قىلىنىدۇ .
54 ـ ماددا: ئەجنەبىلەرنىڭ ئىقتىسادى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى .
55 ـ ماددا: «ئىجتىمائى ئىقتىساد ھەيئىتى» نامىدا بىر تەشكىلات قۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى، ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ۋە ئىقتىساد مۇتەخەسسىسلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىچە:
1 ـ ئاساسى قانۇن دائىرىسى ئىچىدە ماقۇللىنىدىغان ئىقتىسادىي قارارلارغا ئىشتىراك قىلىش.
2 ـ ھۆكۈمەت ۋە كېڭەش كومىتېتىغا ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي پىلان تۈزۈپ دۆلەتنىڭ بۇ ھەقتىكى مەسىلىلىرىدە دوكلات ھازىرلاپ سۇنۇش.
56 ـ ماددا: «ئىجتىمائىي ئىقتىساد ھەيئىتى» ۋە ئۇنىڭ خىزمەت ئۇسۇللىرىنى قانۇن ئۆزى بېكىتىدۇ.

# 8 ـ باپ ئۇرۇش (غازات) ۋە قورالىلىق ئارمىيە

57 ـ ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 ـ جىھاد (ئاللاھ يولىدا غازات قىلىش ۋاھاكاز) دائىمى ۋە دىنى بىر پەرزدۇر.

2 - ئىسلامى قانۇن - تۈزۈمنى ۋە ئىسلام ئەللىرىنى قوغداش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى .
58 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت قوراللىق ئارمىيە ئارقىلىق مۇستەھكەم تۇرىدۇ. بۇ ۋەجىدىن ئىمكانىيەتنىڭ يېتىشچە ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا ئېھتىياجىنى قامدىيالىغۇدەك دەرىجىدە ئارمىيەنى قوراللاندۇرۇپ تەييارلاش ئەڭ مۇھىم ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە ئاممىۋى خىزمەت.
2 - دۆلەت خەلقنى بىۋاستە ئۇرۇشقا قاتنىشالايدىغان رەۋىشتە يېتىشتۈرىدۇ ۋە ھازىرلايدۇ.
3 - قوراللىق ئارمىيە مەنسۇپلىرىنىڭ پىلان - پروگراممىلىرى ۋە ئوبيېكتىپ نىشانى پەقەتلا يەر يۈزىدە ئاللاھنىڭ نامىنى ۋە سۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش (ئىلايى كەلىمەتۇللاھ) دىن ئىبارەت بولغان بۇ جىھادنىڭ روھى، مەزمۇننىنى ئاساس قىلغان بولۇشى كېرەك .
59 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت رەئىسى قوراللىق ئارمىيەنىڭ بىرىنچى قوماندانى.
2 - دۆلەت رەئىسى ئۇرۇش ۋە كېلىشىم قارارىنى پەقەت كېڭەش كومىتېتىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالغاندىن كېيىن ئاندىن بېكىتىدۇ ۋە ئېلان قىلىدۇ .
60 - ماددا: «ئالى ئۇرۇش كومىتېتى» قۇرۇشقا بولىدۇ. بۇ كومىتېت ئۇرۇش ۋە كېلىشىم ستراتېگىيىسىنى بەلگىلەيدۇ. كومىتېت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە ھۆكۈملەرنى قانۇن ئۆزى بېكىتىدۇ.

# 9 - باپ ئالىي ئاساسى قانۇن كومىتېتى

61 - ماددا: ئالى ئاساسى قانۇن كومىتېتى ئاساسى قانۇننى قوغدايدىغان ۋە دۆلەتنىڭ ئىسلام پرىنسىپلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان

مۇستەقىل بىر سوت تەشكىلاتى.
62 - ماددا: ئالى ئاساسى قانۇن كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ۋە ھوقۇقى تۆۋەندىكىچە:
1 - يېڭى چىقىرىلغان تۈزۈملەرنى ئاساسى قانۇنغا توغرىلاپ ماقۇللاش.
2 - قانۇن - تۈزۈملەرنىڭ تېكستىنى كەڭ دائىرىلىك شەرھلەپ ئىزاھلاش.
3 - كېلىشىم ھاسىل قىلالمىغان دەۋا (دېلو - ئەنزە) لارنى ھەل قىلىش.
4 - سايلام ھەيئىتىگە بولغان ئېتىرازلارنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ بىر تەرەپ قىلىش.
63 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - ئالىي ئاساسى قانۇن كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار ھۆكۈملەرنى، كومىتېت ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى، كومىتېت ئەزاسى بېكىتىش ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش، پىنسىيەگە چىقىرىش ۋاھاكازا نوقتىلارنىڭ ئۇسۇل - مېتودلىرىنى قانۇن بەلگىلەيدۇ. شۇنداقلا كومىتېتنىڭ خىزمەت ئۇسۇللىرىمۇ قانۇن بۇيىچە بىكىتىلىدۇ.
2 - بۇ قانۇننىڭ كۆچكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن كېڭەش كومىتېت ئەزالىرىنىڭ ئەڭ ئاز بولغاندا ئۈچتەن ئىككىسى ماقۇللىشى شەرت.

# 10 - باپ ئۆلىمالار كومىتېتى(مەجلىسى ئۇلەما)

64 - ماددا: ئۆلىمالار كومىتېتى دىندار، تەقۋادار ۋە سەۋىيەلىك ھەمدە دەۋرىنىڭ مەسىلىلىرىدىن خەۋەردار، زېرەك، يىراقنى كۆرەرلىك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن تونۇلغان ئىسلام قانۇنشۇناس ئۆلىمالىرىنىڭ ئىچىدىن تاللىنىپ تەشكىل قىلىنىدۇ.

65 - ماددا: ئۆلىمالار كومىتېتىنىڭ ۋەزىپە ۋە ھوقۇقلىرى تۆۋەندىكىچە:
1 - ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى بايان قىلىش، بىر مەنىدە مۇسۇلمان خەلق ئاممىسىنىڭ مەسىلىلىرىگە جاۋاب بېرىپ، ئىسلام قانۇنىدىكى ئىجتىھات ۋەزىپىسىنى ئۆتەش.
2 - كېڭەش كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان قانۇنلار ھەققىدە شەرئەت ئەھكاملىرىنى بايان قىلىش ۋە ئوتتۇرىغا تاشلاش.
3 - مۇسۇلمانلارغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەسىلەر ھەققىدە دەرھال ئىسلام دىنىنىڭ ھۆكمىنى جاكارلاش.
66 - ماددا: «ئۆلىمالار كومىتېتى»نىڭ تەشكىللىنىش ئۇسۇلى، ئەزا سانى، ئەزالاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەر ۋە بۇھەقتىكى باشقا مەسىلىلەر قانۇن تەرىپىدىن بېكىتىلىدۇ.

# 11 - باپ  سايلام ھەيئىتى

67 - ماددا: سايلام ئىشلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن مەلۇم ساندىكى ئەزالاردىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل ۋە دائىمى بىر ھەيئەت تەشكىللىنىدۇ.
68 - ماددا: سايلام ھەيئىتىنىڭ ۋەزىپە ۋە ھوقۇقلىرى تۆۋەندىكىچە:
1 - دۆلەت رەئىسى كېڭەش كومىتېت ئەزالىرى بىلەن سايلام ھەيئىتىگە ئالاقىدار خۇسۇسى سايلامنى ئۆزى باشقۇرىدۇ.
2 - خەلق پىكرىنى ئېلىش ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.
3 - يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگان نامزاتلىرىدا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنىڭ بار - يوقلىقىنى ئېنىقلايدۇ. سايلام ئۇسۇلىنى قانۇن بەلگىلەيدۇ.
69 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - سايلام ھەيئەت ئەزالىرى پىشقەدەم ھاكىملار (قازى) ئارىسىدىن تەيىنلىنىدۇ.
2 - سايلام ھەيئەت ئەزالىرىنىڭ بۇ ھەيئەتكە ئەزالىق مۇددىتى ئىچىدە باشقا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىشى توغرا ئەمەس.
70 - ماددا: سايلام ھەيئىتىنىڭ تەشكىللىنىش، سايلامنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە سايلامغا مۇناسىۋەتلىك باشقا مەسىلىلەرنى قانۇن بېكىتىدۇ. شۇنداقلا سايلام ھەيئىتىنىڭ چەكلىمىسى كېڭەش كومىتېتى بىلەن ھەيئەت ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە نامزاتلار بىلەن ئالاقىدار شەرتلەر قانۇن ئارقىلىق قارار قىلىنىدۇ ھەمدە تەشۋىقات، سايلام نەتىجىسىنىڭ ئېلان قىلىنىشى قاتارلىق نۇقتىلار قانۇن بۇيىچە بېكىتىلگەن شەكىلدە ھەيئەت تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىدۇ.
71 - ماددا: ئاممىۋى ئىدارە ئورگانلىرىنىڭ سايلام ھەيئىتى تەلەپ قىلغان ھەرقانداق بۇيرۇقنى بىجا كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتى بولغىنىدەك، سايلام ھەيئىتى چىقارغان قارارنامىنى ئارقىغا سۈرمەستىن ۋاقتىدا ئورۇنداش مەسئۇلىيىتى بار.

## 12 - باپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر

72 - ماددا: مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى دۆلەتنىڭ ئەڭ مۇھىم غايىسى بولۇپ، بارلىق ئىمكانىيىتىنى سەپەرۋەر قىلىپ ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك .
73 - ماددا: تاشقى سىياسەت، خەلقئارا مۇناسىۋەتلەر، ئەركىنلىك، ئادالەت ۋە تىنچلىق پرىنسىپى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىپ، يالغۇز توغرا نىيەت ئۈستىدە پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ سائادىتى ئۈچۈن ئىشلەشنى چىقىش نۇقتىسى قىلغان بولۇشى لازىم .
74 - ماددا: مۇسۇلمانلار ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرلىك روھىغا زىت ھەرقانداق سۆز - ھەرىكەتتىن ئۇزاق تۇرىدۇ. دۆلەت

باراۋەرلىكنى بۇزىدىغان ھەرقانداق ئاملىنى يوقىتىش ئۈچۈن قولدىن كېلىشچە ھەرىكەت قىلىدۇ .

75 - ماددا: يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە دۆلەتنىڭ ئىسلام دىنى بىكىتكەن پرىنسىپلار دائىرىسى ئىچىدە ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ۋەزىپىلىرى بار. ئۇلارنىڭ بەزىسى تۆۋەندىكىچە:

1 - دۇنيادىكى پۈتكۈل ئىنسانلارنىڭ ئىنسانى ئەركىنلىكىنى قوغداش.

2 - زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىش ۋە قىيىن ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قالغانلارغا ھېسداشلىق قىلىش.

3 - ئاللاھقا ئىبادەت قىلىنغان جايلار بولغان مەسجىد، چېركاۋ ۋە ماناستىرلاردەك بارلىق ئىبادەت ئورۇنلىرىنى ھىمايە قىلىش .

76 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1 - دىن پەرقلىقى تۈپەيلى ئۇرۇش قىلىش ياكى بەزى ئەللەرنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن تالان – تاراج قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ بېشىغا مىنىۋېلىشقا بولمايدۇ .

77 - ماددا: ئىسلام دۆلىتى مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالىغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش ئويىدا بولىۋاتقان جاھانگىرلار ۋە بۇلار بىلەن ھەمكارلىق ئورناتقان گۇرۇھلارغا قارشى تۇرىدۇ .

78 - ماددا: دۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان ياكى باشقا بىر ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان سالىدىغان رەۋىشتە ئەجنەبى قوشۇنغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش ياكى ئەجنەبىلەرنىڭ ئەسكىرى سىياستىنى ئۆزلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ .

79 - ماددا: دۆلەت قول قويغان كېلىشىم ۋە تۈزگەن ئىتتىپاقلىق شەرتنامىلىرىگە ئىزچىل ئەمەل قىلىنىشى لازىم. خائىنلىق قىلغان ياكى كېلىشىمنى بۇزغان دۆلەتلەرگە شۇ بۇيىچە مۇئامىلە قىلىنىدۇ .

# 13 ـ باپ نەشرىيات ۋە ئاخبارات ئورگانلىرى

80 ـ ماددا: سۆزلەش ئەركىنلىكى ۋە ئۇنىڭ كاپالىتى ئىسلام مۇھىتىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدىغان قوش كېزەك ھوقۇق. نەشرىيات، ئاخبارات، ئۇچۇر ـ ئالاقە ۋە ھەر تۈرلۈك تەشۋىقات بۇيۇملىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئەركىنلىكلەر ئىسلامى پرىنسىپ ۋە تۈزۈم دائىرىسى ئىچىدە كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان .

81 ـ ماددا: نەشرىيات ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1 ـ پائىلى كىم بولىشىدىن قەتئىينەزەر ھەرقانداق زۇلۇم ۋە ئىستىبداتنى ئاشكارىلاش ۋە پاش قىلىش.

2 ـ شەخسلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش ۋە كىشىلىك مەسىلىلىرىگە يېپىشىۋالماسلىق.

3 ـ يالغان ئېيتىش، بۆھتان چاپلاش، ئىززەت – ئابرۇيىغا دەخلى-تەرۈز يەتكۈزۈش ۋە يالغان-ياۋىداق خەۋەر ئويدۇرۇشلاردىن قەتئىي ساقلىنىش.

4 ـ ھەقىقەتنى بۇرمىلىماسلىق ۋە ناتوغرىنى ھەقتەك كۆرسىتىشكە تىرىشماسلىق.

5 ـ ئەدەپلىك ۋە مەدەنىيەتلىك ئۇسۇلنى قوللىنىش.

6 ـ جەمئىيەتتىكى ئەخلاقى پرىنسىپلارغا ھۆرمەت قىلىش.

7 ـ زىنايى ھارام، گۇناھ ۋەبۇزۇق ئىللەتلەرنى نەشر قىلىپ تارقىتىشتىن ساقلىنىش.

8 ـ جىنايى قىلمىش ۋە ئىسلام دىنىغا مۇخالىپ ھەرقانداق قىلمىشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش.

9 ـ ئېلان قىلىنسا ئاممىغا زىيانلىق خەۋپى بولمىغاندا پاكىتلارنى يوشۇرۇشتىن ساقلىنىش.

10 - نەشرىيات ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ پىتنە - پاسات، قالايمىقانچىلىق ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىش .
82 - ماددا: ئىدارى ئىجرائىيە ئورگانلىرىنىڭ نەشرىيات ۋە ئاخبارات ئورگانلىرىغا قارشى سەلبى قارار چىقىرىشى توغرا بولمىغىنىدەك، سوت مەھكىمىسىنىڭ قارارى بولماي تۇرۇپ ئۇلارغا ياكى ئاخبارات خادىملىرىغا (مۇخپىرلارغا)جازالاش بۇيرۇقى چۇشۇرەلمەيدۇ.

## 14 - باپ ئومۇمى ۋە ۋاقىتلىق ھۆكۈملەر

83 - ماددا: ھىجرىيە كالىندارى دۆلەتنىڭ رەسمى كالىندارى بولىدۇ. رەسمى تىل ھەر دۆلەتنىڭ ئەمەلى ئەھۋالىغا قاراپ بىكىتىلىدۇ.
84 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى نوقتىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - دۆلەت رەئىسى ۋە كېڭەش كومىتېتى بۇ ئاساسى قانۇن ھۆكۈملىرىگە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويالايدۇ. ئاساسى قانۇننىڭ ئۆزگەرتىلىشى كېڭەش كومىتېتىنىڭ ئۈچتەن ئىككى كۆپلىكىنىڭ قول قويىشى بىلەن مۇمكىن بولىدۇ.
2 - دۆلەتنىڭ ئىسلامى پرىنسىپلىرىغا دەخلى - تەرۇز يەتكۈزىدىغان شەرىئەت ئەھكاملىرىغا زىت رەۋىشتە ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈش توغرا ئەمەس.
85 - ماددا: بۇ ماددا تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
1 - بۇ ئاساسى قانۇن كۈچگە ئىگە بولغان مۇددەت ئىچىدە قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىش، ئىجرا قىلىش، سوت مەھكىمە ئورگانلىرى بىلەن دۆلەتنىڭ باشقا مۇئەسسەسە ۋە ئورگانلىرى ئاساسى قانۇنغا ئۇيغۇن ھالدا ۋەزىپە ئۆتەپ، ئىش ئېلىپ بارىدۇ.
2 - ئاساسى قانۇن كۈچكە ئىگە بولغان مۇددەت ئىچىدە قانۇنلار، پىلانلار، ئىدارى قارارلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلماي ياكى ئۆزگەرتىش

كىرگۈزۈلمىسىلا كۈچكە ئىگە.
3 - ئاساسىي قانۇنغا خىلاپ بولماسلىق شەرتى ئاستىدا ئاساسىي قانۇننىڭ قوبۇل قىلىنىش ئەسناسىدا مەۋجۇت بولغان قانۇن - تۈزۈم ئورنىتىش كومىتېتى، تۇنجى كېڭەش كومىتېتى، تۇنجى سايلام ھەيئىتى ۋە تۇنجى ئالىي ئاساسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ قۇرۇلۇش پرىنسىپلىرىنى بېكىتىدىغان قانۇن تۈزەلەيدۇ.
86 - ماددا: بارلىق مەمۇرى خادىملار ئاساسىي قانۇن قوبۇل قىلىنغاندىن باشلاپلا ئۇنىڭ پۈتۈن ھۆكۈملىرىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىجرا قىلىشقا ۋە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر.
87 - ماددا: بۇ ئاساسىي قانۇن خەلق پىكرى (رەپەراندۇم) ئېلان قىلىنىش ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورگانلارنىڭ ماقۇللىشىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە.